# يېڭى دەۋر داغدام يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن مېڭىش

(بېشى 2 - بەتتە)

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئالاھىدە نامرات رايون شىزاڭدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم 19 نامرات ناھىيە (رايون) نامرات ناھىيە (رايون) قاتارىدىن رەسمىي چېكىنىپ چىقتى، بۇ، پۈتۈن شىزاڭ رايونىدا مۇتلەق نامراتلىقنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىزاڭ داشۆنىڭ پىروفېسسورى تۇدېكچېجۇ مۇنداق دېدى: «60 نەچچە يىل ئىلگىرى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىزاڭدا مىليون يانچى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىزاڭنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، بۇ، جۇڭگو ھەتتا دۇنيانىڭ نامراتلىقنى ئازايتىش تارىخىدىكى مۆجىزە بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى».

ۋاقىت يالۇزاڭبۇ دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىدەك تېز ئۆتمەكتە، ئېتىقاد ھىمالايا تېغىدەك قەتئىي.

يېڭى دەۋرگە كىرىپ، شىزاڭ مىسلىسىز، تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيدىغان قاناتقا ئىگە بولدى.

—— «ئىككى يول» روھى ئەۋج ئالدۇرۇلدى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سائەت 7دە، زاڭمۇ يالۇزاڭبۇ دەرياسى قوش لىنىيەلىك پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئاساسىي لىمى ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن لاسادىن لىنجىغىچە بولغان تۆمۈريول ئومۇمىي لىنىيەسىدىكى 120 كۆۋرۈكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

بۇ «پەلەك يولى»نىڭ پۈتۈن لىنىيەسى يالۇزاڭبۇ دەرياسىنى 16 قېتىم ھالقىپ ئۆتىدۇ، گېئولوگىيەلىك شارائىتى مۇرەككەپ، كۆۋرۈك - تونېل نىسبىتى 75%كە يېتىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن لىنىيەگە رېلىس ياتقۇزۇش تاماملىنىدىكەن.

«يېڭى ۋەزىيەتتە، ‹ئىككى يول› روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىزگە بەرگەن سەممىي تاپشۇرۇقى، شۇنداقلا ‹پەلەك يولى› قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول 19 - ئىدارىسى گۇرۇھى لاسا - لىنجى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى خې شۇ.

يەنە بىر «پەلەك يولى»مۇ چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ: ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، شىزاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىنى تېز سۈرئەتتە «دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىلاش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ چەت، ياقا رايونلارغا ئۇزارتىش، قاپلىتىش تېزلىتىلدۇ.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى —— ئالى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ، سىچۈەن - شىزاڭ، زاڭجۇڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى 4 - «ئېلېكتر ئېنېرگىيە پەلەك يولى»غا ئايلاندى. قۇرۇلۇش رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالى ئېلېكتر تورىنىڭ يەككە تور تىجارىتى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، چەت، ياقا رايونلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا تېخىمۇ كۆپ قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

—— ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

«1000 چاقىرىم يىراقلىقتا، يۇقۇم ئالدىدا، سىلەر ئۇرۇق - تۇغقان بولمىساڭلارمۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلدۈڭلار!»

ئايرىش كېسەلخانىسىدىن چىقىپ، ۋىرۇسنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغان شياۋ جاڭ دوختۇر - سېستىرالارغا چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

بۇ يىل يىل بېشىدا، خۇبېيدىن شىزاڭغا ساياھەتكە كەلگەن شياۋ جاڭغا شىزاڭدىكى بىردىنبىر يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىق دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلدى. زاڭزۇ، خەنزۇ، خۇيزۇ، تۇزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپى «بىر دوختۇرخانا، بىر ئاغرىق»قا ئائىت تىببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبى ھېكايىسىنى يېزىپ چىقتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى داستان بىرلا ۋاقىتتا خۇبېي ۋۇخەندىمۇ تارقىلىپ مەدھىيەلەندى. چاغان مەزگىلىدە، 62 نەپەر زاڭزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋۇخەنگە بېرىپ ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان باللىرىنى يوقلىغاندا، يۇقۇم سەۋەبىدىن مەكتەپ ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغانىدى.

ۋۇخەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇلار ئۈچۈن ھەقسىز تاماق، ياتاقنى ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، كۆكتات قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا ياردەملەشتى. ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى باساڭ سىرىن مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىزگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ئىللىق كۈچىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇردى».

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: شىزاڭ خىزمىتىنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى جەزمەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە قويۇش كېرەك.

ھەر يىلى 9 - ئاينى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەشۋىقات ئېيى قىلىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات يېرىك پىلانىغا كىرگۈزۈش...

بۇ يىل 1 - ئايدا، «شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش نىزامى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى ھەم 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ، شىزاڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىزاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» مۇھىم پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى نىزام چىقىرىش تەدبىرى.

بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ ئادەم شىزاڭغا كېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلىمەكتە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن نۇرغۇن شىزاڭلىق ئوقۇغۇچى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتى، شىزاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

—— مۇقەددەس دۆلەت زېمىنى قوغدالدى، بەختكە تولغان يۇرت - ماكان خاتىرجەم، ئىناق بولدى.

ئەگرى - توقاي پالى دەرياسىنى قارشى ئېقىن بويىچە بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ، دەريا جىلغىسى، خەتەرلىك ساھىل، تىك قىيالاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، قارلىق تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغاندا، «قورغان»غا ئوخشايدىغان بىر كەنت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

مانا بۇ شىزاڭ ئالى ۋىلايىتىنىڭ زادا ناھىيەسى چۇلۇسۇڭجېي يېزىسىنىڭ باكا كەنتى. قارلىق چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تاغلار ئېگىز، جىلغىلار چوڭقۇر، بۇ يەر شىزاڭدىكى بېرىش ئەڭ قىيىن بولغان چېگرا كەنتلەرنىڭ بىرى.

45 ياشلىق سىبەيىيشى بىلەن خوتۇنى دۇنجۇساڭمۇ بۇ يىل ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا، ئازى قىشلىق چارۋىچىلىق مەيدانىدىن چېگرادىكى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن كەنتتىكى يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. يېڭى ئۆيىنىڭ ھۇجرىسى، مېھمانخانىسى، ئاشخانىسى، نەرسە ساقلاش ئۆيى، ھاجەتخانىسى مۇۋاپىق ئايرىلغانىدى، ئازادە قورۇسىدا كۆكتات تېرىپ گۈل ئۆستۈرگىلى بولاتتى.

«بۇ، دۆلەت يولغا قويغان چېگرادىكى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش كەنتى تۈرىنىڭ پايدىسىدىن بولدى. ھازىر بىز يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايمىز، يۇرت - ماكانىمىز بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت يەنە چېگرا ئاھالىلىرى ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.» سىبەيىيشى مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ چېگرانى خاتىرجەم قوغداش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى».

2018 - يىلدىن بۇيان، شىزاڭ «مۇقەددەس دۆلەت زېمىنىنى قوغدىغۇچىلار، بەختكە تولغان يۇرت - ماكانى قۇرغۇچىلار» باش تېما قىلىنغان يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، چېگرا رايوندىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، كەڭ چېگرا ئاھالىلىرى گېساڭ گۈلىگە ئوخشاش قارلىق چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ، دۆلەت چېگراسىنىڭ تىنچلىقى ۋە تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىماقتا.

—— ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسرالدى، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى.

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شۇاڭخۇ ناھىيەسىدىكى تەخمىنەن 2900 ئادەم جەنۇبقا قاراپ مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يالۇزاڭبۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كۆچتى. بۇ، شىزاڭنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ناھايىتى ئېگىز بولغان رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈش يېرىك پىلانىنىڭ بىر قىسمى. چېكىنىپ چىققان يەر تەبىئەتكە «قايتۇرۇلىدۇ».

ئىلگىرى قۇم - بوراننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان يالۇزاڭبۇ دەرياسىنىڭ شەننەن بۆلىكىدە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇنلۇقى 160 نەچچە كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 1.8 كىلومېتىر كېلىدىغان «يېشىل سېپىل» شەكىللىنىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئىنتايىن ئېگىز بولغان رايوندىكى ئاممىنىڭ ناچار، ئېگىز، سوغۇق ھاۋادىن يىراق بولغان يېڭى ماكانىغا ئايلاندى. بۇ، شىزاڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ جەمئىيەت ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىزاڭنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، گۈزەل شىزاڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 45% رايون ئەڭ قاتتىق قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان، دۇنيادىكى مۇھىت سۈپىتى ئەڭ ياخشى رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

—— مائارىپ، داۋالاش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى، يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىندى.

قاتار - قاتار كەتكەن قويۇق زاڭزۇچە ئۇسلۇبتىكى ئوقۇتۇش بىنالىرىدا، ئېلېكترونلۇق ئاق دوسكا قاتارلىق كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىدى، كاۋچۇكلۇق يۈگۈرۈش يولى، ۋاسكېتبول مەيدانلىرىدا ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

لاسا مائارىپ شەھەرچىسىگە جايلاشقان لاسا جىياڭسۇ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىزاڭغا ياردەم بېرىپ قۇرۇلغان مەكتەپ بولۇپ، جىياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، 2014 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئېچىلغان.

«مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.» لاسا جىياڭسۇ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ما خۇا مۇنداق دېدى: مەكتىپىمىزدە نۆۋەتتە «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىزاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدىن 20سى بار، مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ئەخلاق تەربىيەسى مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرلىقنى بىردەك شىزاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىگە ئالدى.

ئىلغار ئوقۇتۇش ئىدىيەسىنىڭ پايدىسىدا، لاسا جىياڭسۇ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھان نەتىجىسى 2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل لاسا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ، «ئىشىك ئالدىدىكى ئىچكىرى رايون شىزاڭ سىنىپى» دەپ تەرىپلەندى.

يېڭى دەۋردىكى شىزاڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيەنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش» تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەسلى مائارىپى، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپ، داۋاملاشما مائارىپ، ئالاھىدە مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قانات يايدۇرۇلغان مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىزاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى شىزاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ھەقىقىي خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى ئېلىپ كەلدى.

2015 - يىلى داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىزاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسى، بېيجىڭ داشۆ قارىمىقىدىكى كۆپلىگەن دوختۇرخانا ھەممە يەتتە ئۆلكە، شەھەر تاللاپ ئەۋەتكەن 800دىن ئارتۇق داۋالاش ئىختىساسلىقلىرى «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىزاڭغا ياردەم بېرىپ، «3A دەرىجىلىك» دوختۇرخانىدىن جەمئىي ئالتىنى قۇردى، 721 داۋالاش كوللېكتىپىدىكى 2031 يەرلىك تىببىي خادىمغا ياردەم بېرىپ يېتەكلەپ، 1000دىن ئارتۇق تۈردىكى تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇردى، 371 خىل ئېغىر كېسەللىكنى شىزاڭدىن چىقمايلا داۋالاشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئېگىزلىكتىكى خەلقنىڭ تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغىنى، شىزاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھەرقايسى ساھەلىرىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ شىزاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىرلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ئېلىپ كېلىپ، شەخسىي مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ كوللېكتىپنى ئويلاپ، قارلىق ئېگىزلىككە ياشلىق باھارىنى بېغىشلىغانلىقى بولدى.

يالۇزاڭبۇ دەرياسى توختىماي شىددەتلىك ئېقىپ، قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان تەسىرلىك ھېكايىلەرنى تارقىتىپ مەدھىيەلىمەكتە.

2019 - يىلى، شىزاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 169 مىليارد 782 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1959 - يىلدىكى 174 مىليون يۈەندىن 205.8 ھەسسە ئاشتى، شەھەر - بازار ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم - ئايرىم 37 مىڭ 410 يۈەن ۋە 12 مىڭ 951 يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى تىنچ ئازاد قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 35.5 ياشتىن 70.6 ياشقا ئۆرلىدى، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭ يەر شارىنىڭ چوققىسىدا قەد كۆتۈردى.

ئېگىزلىكتە خىزمەت قىلغاندا، ئەڭ كەمچىل بولغىنى ئوكسىگېن، ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى روھ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىزاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلار ئۈزلۈكسىز تۈردە «كونا شىزاڭ روھى»غا يېڭى دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قوشۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

بۇ قەدىمىي ھەم ئاجايىپ تۇپراقتا ياشاۋاتقان كىشىلەر شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى: ئەتە چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ! **(قاتناشقان مۇخبىر: چېن شاڭسەي)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لاسا، 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مىقدارنى ئازايتىش بىلەن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇھىتى ئەلا، مەدەنىيەت سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنغان، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەڭ ياخشى رايون قۇرۇش كېرەك.

«تەستىقىي جاۋاب»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىياسىي مەركەزنىڭ مۇلازىمەت كاپالىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پايتەختكە خاس بولمىغان فۇنكسىيەسىنى تارقاقلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى كۆچۈرۈپ بوشىتىلغان ئىشخانا بىنالىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ پايدىلىنىشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يادرولۇق رايون فۇنكسىيەسىنى قايتا تەشكىللەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق مەركەزنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى پائالىيىتىگە تىرەك بولۇپ، جۇڭنەنخەي ھەم ئۇنىڭ ئەتراپى، تيەنئەنمېن - چاڭئەن كوچىسى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

«ئىككى ئوق، بىر شەھەر، بىر ئايلانما»دىن ئىبارەت شەھەر بوشلۇقى قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەكشى، كەڭتاشا، كۆركەم، تەرتىپلىك، قەدىمكى بىلەن بۈگۈنكى يۇغۇرۇلغان، ھەيۋەتلىك، كاتتا شەھەر ئوبرازى يارىتىش كېرەك. پايتەختكە خاس بولمىغان فۇنكسىيەلەرنى قەتئىي، تەرتىپلىك تارقاقلاشتۇرۇپ، يادرولۇق رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك.

«تەستىقىي جاۋاب»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېرىك پىلاننىڭ كەسكىنلىكى ۋە نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش كېرەك، ھەرقانداق تارماق ۋە شەخسنىڭ خالىغانچە تۈزىتىش كىرگۈزۈشىگە، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۆزگەرتىشىگە يول قويۇلمايدۇ، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەر يېرىك پىلان بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت يېرىك پىلاننى ياخشى قوغداش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا، يۈز - خاتىر قىلماسلىققا جۈرئەت قىلىپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنى قايتا بەرپا قىلىشىغا تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.» جۇڭئەي گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ خۇڭشىن مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى ۋەزىيەتتە، تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، بازار يۈزلىنىشىنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئەندىزىلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلايمىز، كۈچەيتىمىز، سەرخىللاشتۇرىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقا تايىنىدىغان ماھىيەتلىك ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى كارخانا ئىسلاھاتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋېي جۇڭچېڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئۈچ يىللىق ھەركەتنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ۋە «14 - بەش يىل»لىق دۆلەت مۈلكى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى تەرەققىيات يېرىك پىلانىنى تۈزۈشنى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، يېرىك پىلاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كەسىپ ۋە مەھسۇلاتنىڭ قىممەت زەنجىرىدە ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىمىز.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، دېلەن سۆچلۇق تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى سانائەت كېرەكسىز سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قاتارلىق 60تىن ئارتۇق تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 70 تۈردىن ئارتۇق كەشپىيات پاتېنتىغا ئىگە بولدى. شىركەتنىڭ باش مۇدىرى زېڭ فەنفۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقاتنى چوڭقۇر يۇغۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بازارلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ بۇلغىنىشىنى تۈزەش ۋە سۇ بايلىقىدىن دەۋرىيلىك پايدىلىنىشقا كۆپ تۆھپە قوشىمىز».

ئىختىساسلىقلار بىرىنچى بايلىق. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جياڭ تۇڭخەي مۇنداق دېدى: بىز ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت، ئەڭ ئەلا مۇھىت، ئەڭ ياخشى مېخانىزم ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى توپلاپ، ئىختىساسلىقلارنى ئېلىپ قېلىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلەيمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن خۇا مۇنداق بىلدۈردى: بىز ھۆكۈمەتنىڭ بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئۇنى يېتەكلەش، قوللاش ۋە جەمئىيەت ئادىل تەقسىماتىنى تەڭشەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنى يۈلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، تۈرلۈك تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، سىياسەت پايدىسىنى ئەڭ زور چەكتە قويۇپ بېرىمىز.

دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەل سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا باشلىقى دىڭ جىباۋ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى تاموژنىسى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان مۇھىم فۇنكسىيەلىك تارماق بولۇش سۈپىتى بىلەن، چېگرا ھالقىغان تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش خىزمىتى نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يولغا چىققان جايدىكى تاموژنىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى، ماسلىشىشنى پائال كۈچەيتىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىدار تاموژنىلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى، بۇ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.» ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى 1 - ئاۋغۇست كوچا باشقارمىسى ئەدلىيە پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئايگۈل ئابدۇللا مۇنداق دېدى: بىز زىددىيەت، ماجىرالارنى كۆپ مەنبەلىك پەسەيتىش - تۈگىتىشتىكى ئىقتىدار ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ، ئىناق يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز.

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار ما يىنىڭ، شى شىن، گې يۇجۈن، شيې خۇيبيەن، جاڭ يۈنمېي، چېن جياڭۋېي، سۈي يۈنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر چېن گاۋچاۋ)**